گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تېشى

**□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس گۈلشات شېرئەلى**

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى، دائىملىشىشى، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ پائالىيەت مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

مېنىڭ قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش كەچۈرمىشىم بۇنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك داۋاملاشقان «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىدە، مەن ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ ئۆزمە يېزىسىدىكى ئالتە ئائىلىلىك ئاساسىي قاتلام ئاممىسى بىلەن ئىزدەشكەنسىرى تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئىزدەشكەنسىرى تېخىمۇ تۇغقاندەك بولۇپ كەتتىم، تۇغقانلارنىڭ نامراتلىقتىن مەنىۋى جەھەتتىن بېيىش، تۇرمۇشى باياشاتلىشىشقا يۈزلىنىش جەريانىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شۇنداقلا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» پائالىيىتىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلغانلىقى، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەنلىكى، جەمئىيەتنى تېخىمۇ ئىناق، مۇقىم قىلغانلىقىدەك جەريانىنى ئۆز بېشىمدىن كەچۈردۈم.

بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىش، كۆڭۈل بىلەن كۆڭۈلنى ئۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاساسىي ئالدىنقى شەرتى. مېنىڭ سادىق ئەلى دېگەن بىر قوشماقلاشقان تۇغقىنىم بار، تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە ئۇ مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى، چۈنكى ئۇ باشتىن ـ ئاخىر كۆپ گەپ قىلمىغان، كۈلمىگەن، غەمكىن كۆرۈنگەنىدى. قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا مەن كۆڭلۈمدە: «مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان بولۇپ، شۇنچە كۆپ سوۋغا بەرسەم، ئۇ نېمىشقا خۇشال بولمايدۇ؟»، دېگەننى ئويلىدىم، بۇ تۈگۈن مېنى ئىزچىل قىيناپ كەلدى. مېنىڭ پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇشۇم، پات ـ پات ھال ـ ئەھۋال سوراپ تۇرۇشۇمغا ئەگىشىپ، ئۇ مەن بىلەن سىردىشىدىغان بولدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ غەم قىلىۋاتقىنى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بولۇپ، قانداق تەرەققىي قىلىشنى بىلەلمەيۋاتقان ئىكەن، خوتۇنى ئۇزاق مەزگىل ئاغرىق بولغاچقا، دورا چىقىمىنى كۆتۈرەلمەيۋاتقان، ئوغلى تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 3 ـ يىللىقىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا بولۇپ، ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تېخى ھەل قىلالمايۋاتقان ئىكەن… ئۇ: «مۇشۇلارنى ئويلىسام، مەن قانداقمۇ خۇشال بولالايمەن؟» دېدى. ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ مەن جەزمەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنى ئويلىدىم. مەن: «خاتىرجەم بولۇڭ، يەنە مەن بار ئەمەسمۇ؟ بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، مەن سىز بىلەن قىيىن ئۆتكەللەردىن بىللە ئۆتىمەن» دېدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مەن سادىقنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە قاتىرىدىم. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە پۈتۈن كەنتتە ئۇن پىششىقلاش كارخانىسى يوق بولۇشتەك ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، مەن ئۇنىڭغا كىچىك تىپتىكى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدىم، بۇنداق قىلغاندا ھەم كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، ھەم ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرغىلى بولاتتى، مەبلەغمۇ جىق كەتمەيتتى. ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، «ئائىلە شەكلى»دىكى ئۇن زاۋۇتىنى قۇردى، سادىق ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارا ـ بارا ياخشىلاندى، ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئېچىلدى. كىرىمنى ئاشۇرۇش مەسىلىسى ھەل بولدى، بالىنىڭ ئوقۇش مەسىلىسىنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن كۆپ قېتىم ئوبلاستلىق، ناھىيەلىك مائارىپ تارماقلىرىغا بېرىپ سىياسەتنى ئىگىلىدىم، قاتلاممۇ قاتلام تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئاخىر سادىقنىڭ ئوغلى ئۈمىد سادىققا 6000 يۈەن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئوقۇش ياردەم پۇلى ئىلتىماس قىلىپ ئالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مېنى كۆرسىلا، سادىق خۇش چىراي كۆرۈشىدىغان بولدى. مەن ئىختىيارسىز شۇنداق ھېس قىلدىمكى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ھەققىي مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزنى بېغىشلاپ، چىن كۆڭلىمىزنى تەقدىم قىلىپ، بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىپ، كۆڭۈل ئارقىلىق كۆڭۈلنى ئۇتساقلا، ئىللىقلىقى بولمايدىغان قەلب يوق!

«بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىش مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى. قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش جەريانىدا، مەن باشتىن ـ ئاخىر قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، تۇغقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىدىيەۋى قاراشنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۇغقانلىرىمغا پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردۈم. چۈشەندۈرۈشۈمنى ئاڭلاپ، تۇغقانلىرىم بەس ـ بەستە خۇرسەن بولۇپ مۇنداق دېيىشتى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە رەھمەت، يېڭى جۇڭگوغا رەھمەت، باش شۇجى شى جىنپىڭغا رەھمەت!» مۇشۇنداق تەدرىجىي سىڭدۈرۈش ئارقىلىق «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش» ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتتى، ھەر مىللەت ئامما ئۆزلۈكىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۆزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئېلىپ، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە باتۇرلۇق بىلەن تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇستەھكەم ئۇل تاش قىلىپ چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي تۇتۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىپ، تەربىيە بېرىپ، «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيمەن.




# «تونېلدىن باشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايمىز»

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ناھايىتى تېزلا، شۇ جايدىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئىزدەپ كېلىپ: «بۇ يەر قوغدىلىدىغان رايون، ئاشۇ ئازغىنا سۇ ھايۋانلارنىڭ سۇ مەنبەسى. سۇ مەنبەسى يوقاپ كەتسە، ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟» دېدى.

«بۇ سۆزلەر مېنى بىردىنلا سەگىتىپ قويدى، ئۆزۈمنى بىر شاپىلاق سالغۇم كەلدى.» بۇ ئىش تىلغا ئېلىنسا، گو چۈەن تا ھازىرغىچە ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ.

ئىشچىلار دەرھال بۇلاق سۈيىنى قاشالاپ قويغان رېشاتكىنى ئېلىۋەتتى، يەنە ئەسكەرتىش تاختىسى ئورنىتىپ، باشقىلارغا سۇ مەنبەسىنى بۇزۇۋەتمەسلىكنى ئەسكەرتتى.

ھايۋانلارنىڭ سۇ ئىچىشى، يۆتكىلىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى يەنە مەخسۇس ياۋايى ھايۋانلار ماڭىدىغان نۇرغۇن يولنى ئاچتى. قۇرۇلۇش قىلغاندا ياۋا تۆگە، تىبەت بۆكىنى، ياۋا قوتاز قاتارلىق شۇ جاينىڭ «ئىگىلىرى»نىڭ سۇ مەنبەسىنى ئايلىنىپ ئۆتتى.

قوغدىلىدىغان رايوندىن سۇ ئېلىشقا بولمايتتى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقىمۇ سۇ كەم بولسا بولمايتتى، شۇڭا تۆر بۆلۈمى 60 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن سۇ توشۇدى.

قۇرۇلۇش ئىشچىلىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا 1000 كىشىدىن ئاشاتتى، بۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ بۇ يەردە قۇرۇلۇش قىلىشىدىن، تۇرمۇشىدىن زور مىقداردا ئەخلەت پەيدا بولاتتى. بۇ ئەخلەتلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، تۆر بۆلۈمى تۇرمۇش رايونىدا ئەخلەت يۆتكەش پونكىتى ۋە يۇندى تىندۇرۇش كۆلچىكى ياساپ، تۇرمۇش كېرەكسىز سۈيىنى تىندۇرۇش كۆلچىكىگە قويۇپ بېرىپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئۆلچەمگە يەتكۈزۈپ قويۇپ بەردى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى بىرتۇتاش ھالدا يېپىق شەكىلدىكى ئەخلەت يۆتكەش پونكىتىغا قويۇپ، قەرەللىك سىرتقا يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلدى.

قۇرۇلۇش مەيدانىدا، مۇخبىر يۇندى تىندۇرۇش كۆلچىكى ئۈستىنىڭ ھەم ئېتىلگەنلىكى، غەيرىي پۇراق پۇرىمايدىغانلىقى؛ ئەخلەت يۆتكەش پونكىتى ئىچىدە توشۇلۇش ئالدىدا تۇرغان تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنىڭ دۆۋىلەپ قويۇلغانلىقىغا دىققەت قىلدى.

يەنە ئالدىغا ماڭغاندا، بېتون ئارىلاشتۇرۇش پونكىتىغا بارغىلى بولاتتى. «قاراڭ، بۇ ئارىلاشتۇرۇش پونكىتىنىڭ قانداق پەرقى بار؟» دېدى گو چۈەن سىرلىق ھالدا، «ئارىلاشتۇرۇش پونكىتىدىكى سېمونت باك ھەم ئېتىۋېتىلگەن، خىزمەت قىلغاندا چاڭ ـ توزان توزۇمايدۇ».

تونېل ئېغىزىدا، S6 بەلگە تۆرى يۇندىنى تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كېرەكسىز سۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپ قىلىش پونكىتىغا قويۇپ بېرىلىپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، خالىغانچە قويۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.

تونېل تۇتاشتۇرۇلدى، كېلەر يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي تاماملىنىدۇ، S6 بەلگە تۆرىمۇ بىر «چوڭ ئىش»نى پىلانلاشقا باشلىدى. قۇرۇلۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۆر بۆلۈمى قۇرۇلۇش قىلىش ئۈچۈن ئاچقان ۋاقىتلىق يول، قۇرغان تۇرمۇش رايونى قاتارلىق ۋاقىتلىق ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسىنى چۇۋۇپ، قۇرۇلۇش قىلىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. گو چۈەن مۇنداق دېدى: «تونېلدىن باشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايمىز».

# ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى» «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما ۋە مۇھىم، زور ۋەزىپە» «پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش» قاتارلىق جەھەتلەردىن لېكسىيە سۆزلىدى.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكىلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپى بويىچە، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىي تۇتۇشى، ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىش كېرەك، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئۆگىنىش، ھەقىقىي چۈشىنىش، ھەقىقىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كەڭ دائىرىدە ياخشى تەشۋىق قىلىش كېرەك، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىشنى مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيەۋى ـ سىياسىي تەربىيەسى ۋە دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، «ئۆچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» ۋاستىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ نەزەرىيە تەتقىقاتى، ئىزاھلاشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى كۈچلۈك ئىلمىي قائىدە تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 9 ـ نۆۋەتلىك 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك. پارتىيە مائارىپ خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈم سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان مائارىپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ئومۇمىي يىغىن روھىنى «توغراق روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈپ چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش»نىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رېن خۇا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

دوكلات يىغىنى سىنلىق يىغىن شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قىسمەن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، ئالىي كەسپىي مەكتەپلەر، پۇقراۋى ئالىي مەكتەپلەر پارتكوملىرىنىڭ شۇجىلىرى، مەكتەپ مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەش ئۆمەكلىرىنىڭ ئەزالىرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قىسمەن ئالىي مەكتەپلەردە تارماق يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

# بىڭتۈەن پارتكومىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سۈن جىنلۇڭ «پىكىر (مۇزاكىرە نۇسخىسى)» توغرىسىدا ئىزاھات بەردى ھەم باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

بىڭتۈەن پارتكومى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن پېڭ جىيارۇي، كۇڭ شىڭلۇڭ، لى شىنمىڭ، شاۋ فېڭ، جاڭ ۋېنچۈەن، لىيۇ جيەنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن، جاڭ يۇڭ، لى پىڭ، لۇ شۇپىڭ، لى جىندۇڭ، جۇڭ بو قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئومۇمىي تەلەپى، ئومۇمىي نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى ۋە تۈپ كاپالىتىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە. ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەن خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە بىڭتۈەننىڭ ئورنىنى بېكىتىش تەلەپىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈم، ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تۈزۈم نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈچەپ ئىسلاھات شەكىللەندۈرگەن تۈزۈم نەتىجىلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

يىغىندا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى پۇختا كۈچەيتىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۈەننىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش چاقىرىق قىلىندى.

# خىزمەتتە بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يەنە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى 1 ـ تۈركۈم، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيە ئورۇنلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل رەتلەپ، مەسىلە تىزىملىكى تۈزۈپ، مەسئۇل تارماق، تۈزىتىش تەدبىرى، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇردى؛ ئاساسىي قاتلامدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى خىزمەتتە يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرگە قارىتا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەتقىق قىلىپ، دەل ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، چۈشەنچە بېرىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەننى تۇتاشتۇرۇش، پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىگە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، ئىنتىزام نازارەتچىلىكى، رېۋىزىيە نازارەتچىلىكى، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكى، كۆزىتىش ـ تەكشۈرۈش نازارەتچىلىكى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، «ساختا شەكىلدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «ھېسابات شەكىلدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «كۆرسەتكۈچ شەكىلدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «تۇراقسىز شەكىلدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ بايقاپ، خىيانەت قىلىش، ئىگىلىۋېلىش، ساختا مەلۇم قىلىپ ئالداپ ئېلىۋېلىش، قىلىدىغاننى قىلماسلىق، قالايمىقان ئىش قىلىش قاتارلىق چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىگە قىلچە يول قويماي، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى دەل جايىدا نازارەت قىلدىكەن.

قەشقەر ۋىلايىتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاساسلىق جەڭ مەيدانلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ئىشلىتىشكە ئالاقىدار جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى كونكرېت مەسئۇل كىشىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ كۈچلۈك بىرلىشىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر يۈي جۈن مۇنداق دېدى: «يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدە ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى مەسىلىدىن جەمئىي 26نى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ رەتلەپ، تۈزىتىش تەدبىرىدىن 32نى تۈزۈپ چىقىپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىپ ئەمەلىيلەشتۈردى، ھازىر 24نى تۈزىتىشنى تاماملىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى مەخسۇس تۆر بويىچە تۈزەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە رازى بولۇش دەرىجىسى، ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسى ئارقىلىق مەخسۇس تۈزەشنىڭ ئۈنۈمىنى سىنايدۇ.